


ئىشچى-دېخانلار ئۈچۈن

# ئېلىپبە

قولىڭىزدىكى بۇ ئېلىپبە دەرسلىگىنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە كەڭ ئىشچى-دىخانلار ئاممىسىنىڭ ساۋات چىقىرىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن تۈزگەن.

بىز قىسمەن جايلىرىنى تولۇقلاپ قايتا باستۇردۇق.

# مۇندەرىجە


1 - سوزۇق تاۋۇشلار 3

2 - ئۈزۈك تاۋۇشلار 6

3 - ماقال - تەمسىللەر 19

4 - دىخان بىلەن يىلان 20

5 - تىراكتور ۋە كومباين 21

6 - نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى 22

7 - تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى 24

8 - خەت - چەكلەر 26

9 - خەلق قوشاقلىرى 29

10 - داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنەيلى 30

# ئېلىپبە


| ئوقۇلۇشى | يالغۇز شەكلى | ئاخىرىغا قوشۇلىدىغان شەكلى | ئوتتۇردىن قوشۇلىدىغان شەكلى | باشتىن قوشۇلىدىغان شەكلى |
|---|---|---|---|---|
| a | ا | ـا | - | ئا |
| be | ب | ـب | ـبـ | بـ |
| pe | پ | ـپ | ـپـ | پـ |
| te | ت | ـت | ـتـ | تـ |
| je | ج | ـج | ـجـ | جـ |
| qe | چ | ـچ | ـچـ | چـ |
| he | خ | ـخ | ـخـ | خـ |
| ḥe | ھ | - | ـھـ | ھـ |
| de | د | ـد | - | د |
| re | ر | ـر | - | ر |
| ze | ز | ـز | - | ز |
| ʐe | ژ | ـژ | - | ژ |
| se | س | ـس | ـسـ | سـ |
| xe | ش | ـش | ـشـ | شـ |
| ƣe | غ | ـغ | ـغـ | غـ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ke | ق | ـق | ـقـ | قـ |
| fe | ف | ـف | ـفـ | فـ |
| ke | ك | ـك | ـكـ | كـ |
| ge | گ | ـگ | ـگـ | گـ |
| ng | ڭ | ـڭ | ـڭـ | ڭـ |
| e | ې | ـې | ـېـ | ئېـ (ېـ) |
| i | ى | ـى | ـىـ | ئىـ (ىـ) |
| yi | ي | ـي | ـيـ | يـ |
| le | ل | ـل | ـلـ | لـ |
| me | م | ـم | ـمـ | مـ |
| ne | ن | ـن | ـنـ | نـ |
| we | ۋ | ـۋ | – | ۋ |
| o | و | ـو | – | ئو |
| ɵ | و | ـو | – | ئو |
| u | ۇ | ـۇ | – | ئۇ |
| ü | ۇ | ـۇ | – | ئۇ |
| ə | ە | ـە | – | ئە |



ئا ـا ا

ئات




ئە ـە ە

ئەينەك




ئې (ېـ) ـېـ ـې ې

ئېيىق



ئى (ـىـ) ـى ى ى

ئىت



ئو و و


ئوغاق



ئو و و


ئوچكه

ئۇ ۇ ۇ




ئۇستىرا

ئۈ ۈ ۈ



ئۈزۈم

كونۇكمە؛ 8 سوزۇق تاۋۇشنى يادلىۋې-
لىڭلار، چىرايلىق يېزىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.



# تـ ـتـ ـت ت

تىراكتۇر

ئات ئەت ئوت ئۇت ئىت ئەتە
ئېتى ئاتتى ئۇتتى ئاتا ئوت ئوتا.
ئۇ توت ئات.




# نـ ـنـ ـن ن

ناغرا


ئون ئۇن ئەن تون تەن تۇن ئانا
ئەنە ئەتە تانا نوتا ئۇتۇن توننا
نان تۇتۇن تەنتەنە ئانا ئەنە نان.
ئاتا ئاتنى تۇت، ئەنە تانا.

مـ ـمـ ـم م



مىلتىق

نام نەم مەن تام تەم ئۇمۇم ئۇمۇت
تۇمەن ئىمىن تىنىم ئۇتۇن ئوتمە تامام
مەمەت ئات مىن، مامۇت ئەنە ئۇتۇن.




سـ ـسـ ـس س

ئاس ئەس ئىس

سۇ سان سەن مىس

سائەت

سوت سۇت سائەت ئاسان ئاساس
سانائەت، ئوسمان سۇ تۇتتى،
ئاسىم سائەت ئۇستىسى.




# ﺷ ﺸ ﺶ

ئاش ئەش مەش

شوتا

ئىش شىنا شىشە تىنىش ماشىنا
تونۇشتۇرۇش، شەمشى تاش توشۇ،
ماموت زانا ئەشتى، مەتتىمىن ئەنە ماشىنا.




لازا

# ﻟ ﻠ ﻞ

ئال ئەل ئىل سول

مول تىل ئەلا ئالا شولا ئىملا ئىلان
سۇئال شىمال ئەمەل بىمالال، لىنىن ئالىم،
ئالىم ئىلىم ئال، سەلىمە تىل مۇئەللىمى،



ر ر


ئەر ئۈر رول راس        راديو

شار شور شات شال شارت مەرت

ئانار ئورۇن شەرەپ ئورمان سىر نىرى

ئىرناق رەسىم. رىشىت، ئوسمان،رۇستەم-

لەر ئوما ئورسۇن.



ب ب ب ب

بار بەر بور بار


بايراق

باش بەش بىل بىر بوم بوش بالا

بوستان بۇلبۇل بىردىشى. باتۇر بىلىم ئال،

ئابباس بورە ئاتتى، بارات بىلەت تاراتتى.

# د د



داس دىل دالا دادا

دۆتار

دادىل دالدا رادىيو دولەت دىلدار
دىلدار مۆئەللىم دەرس بەردى، دىلمۆرات
دۆتار ئالدى، بارات بىلەت دىلشات دوست.

# ک ک ك ك



کەل کەس کوك کان

کالا

کول توك کەتمەن کالا کوکتان کوکرەك
دىکابىر ئوکتەبىر. ئەرکىن کىنو کوردى.
کامىل کومۆر کاندا ئەشلىدى، ئەکرەم
نەمۆنىلەك تىراکتۆرىست.



ﻗ ﻘ ق


ئاق قار ئوق قىر

قىل قىش قىسىش قىسقا

قىرىق ئېرىق قانۇن ئاشلىق قوي

قېرىنداش. قەمەر ئوقۇشقا ئامراق، قادىر

قۇدۇق كولىدى، كوزقورقاق. قول باتۇر.



ﭘ ﭙ پ

پالتا

پات پەن پەم پەس پۇت توپ كوپ پادا

پالتا پەسىل لامپا تەلەپ شەرەپ مەكتەپ

پەكاپ پولات پەلسەپە پىلان. پەردە مەكتەپ-

كەكەتتى، پولات پەلسەپە كىتاپلىرى ئالدى،

پاتەم پىلاننى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى.



چەينەك

# چ ﭼ ﭽ ﭻ

ئاچ ئۇچ ئىچ چاچ

چەك چاق چامدام چاقماق چېلەك كوچەت

كۇچلۇك تېچلىق. چىمەن ئىشلەپچىقىردىش

نەمۇنىچىسى، كۇچ بىرلىكتە، ئىش ئومۇلۇكتە.

تېشى سىرلاقلىق، ئىچى مىقلاقلىق. (تېپىشماق)



يولۋاس

# ي ﻳ ﻴ ﻲ

ئاي ئوي ياش چاي

قوي يول يۈرەك يىپەك يولداش يايلاق

ياشلىق ئارمىيە پارتىيە ئىدىيە پورولېتارىيات

ياشلىق بىلەن ئالدىغان پەيت، يالقۇن يۈ-

رەكلىك ئىشلە، ياسىن يايلاققا كەتتى.




# خ ـخ ـخـ خـ

خام خاس خەت خوش

خوراز

خامان خالتا خىيال پاختا ناخشا توختام

خاتىرە كارخانا تېخنىكا. خەلق - تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى، خەلق ئۈچۈن ئىشلەش شەرەپلىك، توختەم ئەتلەس توقۇش تېخنىكىسىنى خېلى ياخشى بىلىدۇ.



# ھ ھـ

ھال ھەل ھەق ھول

ھېيت ھېساپ ھوسۇل ھەربى ھەرە

مېھنەت مېھمان ھۆكۈمەت ئېھتىياج ئىمتىھان

بۇ يىل پاختا مەھسۇلاتى يۇقۇرى بولدى.

ھېساپلىق دوست ئايرىلماس. (ماقال)




ﺟ ﺠ ﺞ ج

جاي جان جەم جىق

جۇپ جۇرئەت جابدۇق

جۇۋا

جەمجىت هوججەت هەجىم، جەمىلە مەجلىس ئىچەلدى، هوججەت ئوقۇپ بىرىلدى. جەمىلە بىجانىدىل ئىشلىمەكتە. جامال جىددى ئىشلە!



ز ز

زەمبىل

ئاز ساز ئىز قىز ياز

سوز ئازات زامان زىمىن يېزا زىلزىلە

ئۇزۇم زىرائەت زىددىيەت سوتسىيالىزىم

زورىم ياشلار زەربىدار دۇيىدە ئىشلەيدۇ.

تەن ساقلىق — زور بايلىق.

## غ ـغ ـغـ غـ



غاز باغ تاغ تۇغ

زىغىر ئۇغاق يامغۇر

غاز

قىزغىن ئۇلۇغ، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى،

پارتىيە دىخانلارغا غەمخورلۇق قىلماقتا،

تومۇرنى قىزىغىدا سوق. (ماقال)

## گ ـگ ـگـ گـ



گاز گال گەپ گۇل


گېزىت چېگىت گۇرۇچ

گۇل

ئەمگەك كىگىز مەزگىل ئۇگىنىش ئەمگەك-

تىگى راھەت. ئەمگەك بىلەن ئىر كوكىردىر،

يامغۇر بىلەن يەر ... (ماقال)



# ۋ ۋ

ۋەدە ۋەتەن ۋەكىل ۋەلسىپىت

ۋاقىت تاۋۇز ھاۋا چارۋا ۋەزىپە ۋەزىيەت ۋىلايەت زامانىۋى ۋىدىسكا، ئاۋۇت

ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ، مەرت سۆزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن (قايتماس).





# ژ ژ

ژىن ۋاژ-ۋۇژ گاژ-گۇژ ژۇرنال

پاژ-پۇژ ئۇژمە ژۇرنال غۇژمەك جىژغاي پۇرژۇن بۇرژۇئازىيە، بازار ۋاژ-ۋۇژ بولماقتا . ئۇژمە پىش ، ئاغزىمغا چۈش.

(ماقال)



# ڭ ـڭ ـڭـ ڭـ

ئاڭ كەڭ چىڭ چوڭ

ياڭاق

جەڭ جەڭچى يېڭى يەڭنە تۆزلەڭ شىنجاڭ
جۇڭگو بېيجىڭ ، خوتەن ياڭاق كوپ
چىقىدىغان جاي، ئالىم بولساڭ ئالەم
سىنىڭ. يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس،
چېڭى چىقسا دېڭى چىقماس. (ماقال)



# ف ـف ـفـ فـ

فېرما فابرىكا فونتان
فاڭجىن ئافرىقا تېلېفون
فاشىزىم، لىپ فىڭ بىزنىڭ
ئۆگىنىش ئۆلگىمىز،

فابرىكا

پارتىيىمىزنىڭ فاڭجىن، سىياسەتلىرىنى
ئەستايىدىل ئىجرا قىلايلى!

ئۇيغۇر تىلىدا 24 ئۇزۇك تاۋۇش (ھەرپ) بار، بۇلارنى پىششىق يادلاپ ئېلىڭلار ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

ب ۋ گ د ژ ز ل م ن

ج غ ڭ ي پ ف ك

ت ش س چ ق خ ھ ر

# ماقال - تەمسىللەر

ئەرنىڭ غېمى ئەلدە.
ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگى رويۇڭ سامان بولماس.
خەلقنى ئالدايمەن دېگىنىڭ —
ئوزەڭنى ئالدىغىنىڭ.
قۇم يىغىلسا تاغ بولىدۇ،
ئەل يىغىلسا باغ بولىدۇ.
ئىش ئومۇلۇكتە، كۈچ بىرلىكتە.
يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس،
ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر.
بىلگەندىن ئۆگەن، بىلمىگەنگە ئۆگەت.
غەيرەتلىك ئەردىن تاغ قېچىپ قۇتۇلالماس.
تەدبىرلىك قانداق بولسا،
تەقدىرلىك شۇنداق بولار.
مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرىدۇ،
كىشىلەر ئۇنىڭغا تىرەك قويىدۇ.
مېۋىسىز دەرەخ غادىيىپ تۇرىدۇ،
كىشىلەر ئۇنى پۇتاپ تۇرىدۇ.

# دىخان بىلەن يىلان

بۇرۇنقى زاماندا، قىش - زىمىستاندا بىر دىخان يولدا كېتىۋېتىپ، بىر يىلاننىڭ توڭلاپ قالغانلىقىنى كورۇپتۇ. دىخان بۇ يىلانغا بەكمۇ ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنى قوينىغا سېلىۋاپتۇ. يىلانغا ئىسسىق ئۇتۇپ تىرىلىپ قاپتۇ. ئۇ ئەسلىگە كېلىش بىلەنلا دىخاننى چېقىۋاپتۇ. دىخان قاتتىق زەھەرلىنىپتۇ، ئۇ ئولۇش ئالدىدا: ,, يىلان كىشىلەرگە بالايى - قازا ئەپكىلىدىغان نەرسە ئىكەن، مەن ئۇنىڭغا بىكاردىن ئىچ ئاغرىتىپتىمەن ،، دەپتۇ.

كونۇكمە: بۇ تېكىستنى چىرايلىق قىلىپ كوچۈرۈڭلار.

# تىراكتور ۋە كومباين

تىراكتور بىلەن كومباين-ھازىرقى زامان يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىۋاتقان ماشىنىلار. بۇ ماشىنىلار مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تىراكتور-يېزا ئىگىلىكىدە كەڭ قوللىنىلىۋاتقان ماشىنا. ئۇ يەر ئاغدۇرۇش، تىرىش، خامان تېپىش، يۈك توشۇشقا ئوخشاش ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

كومباين-يېزا ئىگىلىكىدە ئاشلىق ئورۇش ۋە تېپىش ئىشلىرىدا ناھايىتى ئەپلىك ماشىنا. كومباين ئۆزى ماڭىدۇ، تىراكتورغا چاتىلىدىغانلىرىمۇ بار. ئۇ ئۆزى ئورۇپ، ئۆزى تېپىپ، ئۆزى قاچىلايدۇ. قالغان ساماننى بىر ھارۋا مولچەردە تۈپلاپ تاشلايدۇ. 4-5 ئادەم بىر كومباين بىلەن كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساپتا 600 مو يەرنىڭ ئاشلىقىنى يىغالايدۇ. يېزا ئىگىلىكىدە تىراكتور ھەم كومباين بى-

لەن نۇرغۇن ئادەم كۆچى، ھايۋان كۆچى ۋە ۋاقىتنى تېجەپ قالىدۇ.

كۆنۈكمە: بۇ تېكىستنى ياد ئىملا قىلىپ يېزىڭلار، يازغاندا تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلىڭلار.

## نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

### ئەپەندىمنىڭ مەسلىھىتى

ئەپەندىمنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىر كىشى ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ كەپتۇ:

— ئەپەندىم، دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئىشلارغا دۇچكەلدىم، قايسىسىنى ئۇنتۇپ، قايسىسىنى يادىمدا ساقلاشنىمۇ بىلەلمەي قالدىم، بىر مەسلىھەت بىرىڭا؟

— بۇ دۇنيادا باشقىلاردىن كۆرگەن ياخشىلىقلىرىڭىز بولسا، ئۆلگىچە يادىڭىزدا ساقلاڭ؛ سىز باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىز بولسا، ئۇنى دەررو يادىڭىزدىن چىقىرىپ تاشلاڭ! —دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ ئەپەندىم.

# ئەككى ئىشەكنىڭ يۈكى

بىر كۈنى پادىشا بىلەن ۋەزىر ئوۋغا چىققاندا، ئەپەندىمنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقىپتۇ. يولدا ئۇلار ئىسسىقلاپ كېتىپ، چاپانلىرىنى يېشىپ، ئەپەندىمگە ئارتىپ قويۇپتۇ. پادىشا ھاسىراپ-ھومىدەپ كېلىۋاتقان ئەپەندىمگە قاراپ:

— ئەپەندىم ئۈستىڭىزدىكى بىر ئىشەكنىڭ يۈكى بولۇپتۇ، — دەپ زاڭلىق قىلىپتۇ.

ئەپەندىمۇ دەرھال:

يوقسۇ تەقسىر، ئۈستۈمدىكى ئىككى ئىشەكنىڭ يۈكى! — دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ.

كونۇكمە: بۇ تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلىپ راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

## تىنىش بەلگىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى

1- چېكىت (.): خەۋەر جۈملىدىن كېيىن قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: دىلبەر ساۋاتلىق بولدى.

باھار كەلدى، گۈللەر ئېچىلدى.

2- سوئال بەلگىسى (؟): سوئال جۈملىدىن كېيىن قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدىڭىزمۇ؟

گۈلشەن تىياتىرغا بارامسىز؟

3- ئۈندەش بەلگىسى (!): ئۈندەش جۈملىدىن كېيىن قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: ياشىسۇن جۇڭگو كومپارتىيىسى!

نېمە دېگەن گۈزەل شەھەر بۇ-ھە!

4- پەش (،): جۈملىدە توختاپ ئوقۇلىدىغان جايلارغا ۋە تەڭداش بولەكلەر ئارىسىغا قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: ئۆگىنەيلى، ئۆگىنەيلى، يەنە ئۆگىنەيلى، ئىشتىياقلىنايلى، ئىشتىياقلىنايلى، يەنە ئىشتىياقلىنايلى.

دۇيىمىزدە بۇغداي، شال، قىچا، كېۋەز تېرىلىدۇ.

5 - تىرناق ( ) ئىزاھات ئورنىدا كەلگەن سۆز ياكى جۈملىلەرنىڭ سىرتىغا قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: ئەگەر ئۇ قايتىپ كەلمىسە (بۇ گۇن ياكى ئەتە) مەن بارالمايمەن.

6 - قوش تىرناق («»): تېكىست ئىچىدىكى كىتاپ، گېزىت، ژورنال، ماقالە ۋە ئەسەر-لەرنىڭ ناملىرى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ.

مەسىلەن: بىز «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «قىزىل-بايراق» ژورنىلىغا مۇشتىرى بولدۇق.

7 - قوش پەش (") كوچۈرمە جۈملە ۋە كوچۈرمە سوزلەر قوش پەش ئىچىگە ئېلىنىدۇ.

مەسىلەن؛ يولداش خۇياۋباڭ "پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن - مەدىنىيەت سەۋىيىسىنى ئوستۇرۇش كېرەك" دەپ كورسەتتى.

## خەت - چەكلەر

### 1 - رۇخسەت سوراش خېتى

ھورمەتلىك رۇشەن مۇئەللىمگە:

بۈگۈن سالامەتلىكىم ياخشى بولمىغاچقا دەرسكە بارالمايدىغان ئوخشايمەن، رۇخسەت بېرىشىڭىزنى سورايمەن.

ھورمەت بىلەن: ئوقۇغۇچىڭىز ماھىنۇر

يىل ئاي كۈنى

### 2 - ئىلتىماس

ناھىيىلىك قوراللىق بولۇمىگە:

مەن بۇ يىل 18 ياشقا كىردىم. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىمەن. ئىلتىماسىمنى تەستىقلىشىڭىز-لارنى سورايمەن.

«ئاۋات» خەلق گۇڭشېسى 3 - دادۈيدىن

ئابلىز تۇردى

يىل ئاي كۈنى.

# ئۇقتۇرۇش

ھەر قايسى دادۇيلەرگە :

ئەتە ئەتىگەن سائەت 8 دە گۇڭشېدا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئەھۋالىدىن خۇلاسە چىقىرىش يىغىنى ئېچىلىدۇ.

ھەر قايسى دادۇي پارتىيە ياچېيكىسى سېكرېتارلىرى ۋە دادۇيجاڭلىرىنىڭ ۋاقتىدا كېلىپ قاتنىشىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

يىل ئاي كۈنى (تامغا)

كونۇكمە: خەت-چەكلەرنى ياد ئىملاقىلىپ يېزىڭلار.

## سالام خەت

قەدىرلىك دوستۇم مۇتەللىپ، ياخشىمۇسىز: خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ سىزنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولغانلىقىڭىزدىن تولىمۇ خۇشال بولدۇم. سىزنىڭ يەنىمۇ داۋاملىق ئالغا بېسىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن.

مەنمۇ ساق-سالامەت تۇرۇۋاتىمەن.

مەن دۈيىمىزدىكى ساۋات چىقىرىش كۇرسىغا قاتنىشىپ ساۋادىمنى چىقىرىۋالدىم. هازىر گېزىت-ژۇرناللارنى ئوقۇيالايدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ خەتنىمۇ ئۆزەم يازدىم. بۇندىن كېيىن پات-پات خەت يېزىشىپ تۇرايلى.

هۆرمەت بىلەن دوستىڭىز ئابدۇكېرىمدىن

1981- يىل 2- ئاينىڭ 19- كۈنى

## لىپاپا خېتى

ماركا ئورنى

تۇرپان ناھىيە «قىزىل بايراق» گۇڭشې 3-دادۈي

1- دۈيدىكى مۇتەللىپ تۇردىگە تەگىدۇ

باي ناھىيە ياقىرىق گۇڭشې 2-دادۈي 4-دۈيدىكى ئابدۇكېرىمدىن

1981- يىل 2- ئاينىڭ 10- كۈنى

كونۇكمە: سالام خەت ئۈلگىسىدىن پايدىلىنىپ، بىر پارچىدىن سالام خەت يېزىڭلار.

# خەلق قوشاقلىرى

ئەمگەك قىلغان ئادەمنىڭ،
يورۇق ئىكەن يۈزلىرى.
ئەل كۆڭلىگە ياقىدۇ،
قىلغان ھەممە سۆزلىرى.

بويسۇنمىغان تېخنىكا،
مانا بىزگە ئەل بولدى.
ھەل بولمىغان ئىشىمىز،
مانا ئەمدى ھەل بولدى.

زاۋۇتلارنىڭ ئىچىدە،
تومۇر بىلەن پاختا بار،
ئۈلگە بولغان ئىشچىنى،
ماختايدىغان تاختا بار.

پارتىيەمىز چاقىردى،
ئوقۇپ بىلىم ئېلىشقا.
تېخنىكىنى ئىگەللەپ،
ئىشتا ياخشى بولۇشقا.

كەتمەن بىلەن قەلەمنى،
ئۆزىمىزگە دوست قىلدۇق.
ئىشلەپ ئوقۇپ ھەر كۈنى،
كۆڭلىمىزنى خوش قىلدۇق.

كونۇكمە: قوشاقنى ئۈنلۈك راۋان ئوقۇڭلار.

# داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنەيلى

بىز بىر مەزگىل تىرىشىپ ئۆگىنىپ ساۋاتلىق بولۇپ قالدۇق. بۇ ئۆگىنىشنىڭ تېخى بىرىنچى قەدىمىنى باسقانلىق.

بىز ساۋاتلىق بولۇۋالغانلىقىمىز بىلەنلا قانائەتلىنىپ، سەۋىيەمىزنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرمىسەك «ئىلىم-پەن ساۋاتسىز» لىقىدىن قۇتۇلالمايمىز.

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش ئۈچۈن ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز لازىم.

## ئېلىپبە


ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرى مەھكىمە مەدەنى

مائارىپ ئىدارىسى قايتا باستۇردى

ئاقسۇ گېزىتى باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

باھاسى: 0·14 يۈەن

阿克苏地区行政公署文教处翻印

阿克苏报社印刷厂印刷

定价：0.14元